# پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار تەربىيەلەندى خەلق ئاممىسى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### خەلق ئۈچۈن قىلىنغان ھەربىر ئەمەلىي ئىش بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتى

«ھازىر كەنتىمىزدە توڭلاشنىڭ ئالدى ئېلىنغان خەلققە قولاي سۇ ئېلىش نۇقتىسى بار، قىشتا پاكىز سۇ ئىچەلمەسلىكتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق» دېدى كىرىيە ناھىيەسى لەڭگەر يېزىسى ئۆزۈملۈك باغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتسەيدى ئابدۇراخمان خۇشال ھالدا.

كىرىيە ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى مەتتوختى مەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى: «ئىلگىرىكى يىللاردا قىشتا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلىسىدىكى جۈمەك ئاسانلا توڭلاپ قالاتتى، سۇ ئىچىش تەس ئىدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان توڭلاشنىڭ ئالدى ئېلىنغان خەلققە قولاي سۇ ئېلىش نۇقتىسى نۆلدىن تۆۋەن 17 سېلسىيە گرادۇستا توڭلىمايدىغان ئۆلچەم بويىچە ياسىلىپ، ئاممىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنىڭ قولايلىق بولۇشى، ئىچىدىغان سۈيىنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى».

خەلقنىڭ ئارزۇسى ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى. باش تېما تەربىيەسى باشلىنىشى بىلەنلا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى باش تېما تەربىيەسىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، «1+3+3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىش توغرىسىدا ئاشكارا ۋەدە بەردى. «1»، يەنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى تولۇق قويۇپ بېرىش. بىرىنچى «3»، يەنى 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە بېكىتىلگەن ئۈچ ئەمەلىي ئىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ھەر يىلى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش مەسىلىسىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىش؛ نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قېپقالغان ئېغىر نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى پائال كېڭەيتىپ، ھەربىر ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش. ئىككىنچى «3»، يەنى 2 ـ تۈركۈمدىكى ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىككە قارىتا، يەنە ئۈچ ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىشنى ئېنىق بېكىتىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۇختا ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە مۇجەسسەملەش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوشۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك، مۇھىم مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، ئالدى ـ كەينىنى جىپسىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىغا دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ھەققىنى 100% ئاتچوت قىلىش، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىش ھەققىنى 90% ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى؛ 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، 346 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 9355 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنىڭ بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ كۆچۈپ كىردى؛ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 860 مىڭ ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشنى ئاممىنىڭ قەلبىگە ياققۇدەك قىلدى.

«ھازىر كەنتىمىزدىكى تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت تارقاتقان ھەقسىز دورىنى ئالدى، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقارمايدىغان بولدى. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە ئىنتايىن رەھمەت!» دېدى يېڭىسار ناھىيەسى ئىگىز يەر يېزىسى يۇقارقى ھويلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ياسىن ئەنۋەر، ھەر قېتىم بۇ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ دائىم ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ.

تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ۋە ساغلاملىق كومىتېتى تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، «بالدۇر دىياگنوز قويۇش» «بالدۇر داۋالاش»نى نىشان قىلىپ، خاسلاشتۇرۇلغان سالامەتلىك تەكشۈرۈش مۇلازىمىتىنى تۈزۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى يۇقۇم مەزگىلىدە ئايرىپ داۋالاش، يۇقمايدىغان مەزگىلدە ئاغرىقلارغا قارىتا «مەركەزلىك دورا ئىچكۈزۈش+ئوزۇقلۇق ناشتىلىق»دىن ئىبارەت ئائىلىدە داۋالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەدبىرىنى يولغا قويغاچقا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تۇبېركۇليوز يۇقۇمى كۆرۈنەرلىك ئازلاش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

ئۆزگىرىش پۇختا جاۋاب، ئەمەلىيەت كۈچلۈك ئىسپاتتۇر. ھەر مىللەت ئامما بارغانسېرى تومپېيۋاتقان ھەمياندىن بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش ھالىتى، تەرەققىيات مۇھىتىدا ئۇلارنىڭ بەختىنى ھېس قىلىشى كۈچەيدى.

### تۈرلۈك ئەمەلىي تەدبىرلەر بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتى

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىسى جوۋ ۋېيگونىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر دورىخانا ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دورىخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ، دىيابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا ئۇزاق يىل بولغان ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئىدى. «ھازىر‹سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل دەپتىرى›نى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى دورىخانىدىلا دورا ئالىمەن، ئەمدى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆچرەت تۇرمايدىغان بولدۇم» دېدى جوۋ ۋېيگو خۇشال بولغان ھالدا.

ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئامما ئىنكاس قىلغان ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلار دوختۇرخانىغا بېرىپ دورا يازدۇرسا، ئۆچرەت تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، ۋاقىت، كۈچ ئىسراپ بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، بۇلتۇر 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك ئالاھىدە سوزۇلما كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلىرى ئۈچۈن دورا سېتىۋېلىش يولىنى كېڭەيتىشنى تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان كىشىلەر ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دورىخانىغا بېرىپ دورا سېتىۋالسا، ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنى ئامبۇلاتورىيەدە داۋالاش خىراجىتىنى بىرتۇتاش غەملەش فوندىدىن چىقىم قىلىش ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان قىلدى.

مەسىلىگە تېگىش قىلغاچقا، ئامما ياخشى باھا بەردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مائارىپ ـ سەھىيە، يېمەكلىك ـ دورا، ئېكولوگىيە ـ مۇھىت ئاسراش، قاتناش ـ ترانسپورت، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تولۇقلىمىسى... باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەركەز ئورۇنلاشتۇرما قىلغان سەككىز جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزەشنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى تۇتۇش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يەنە ئىككى تۈردىكى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت مەخسۇس بەنى قۇرۇپ، مەخسۇس لايىھە تۈزۈپ، تۈرلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشنى يولغا قويۇپ، تىزىملىك دەپتىرى شەكلىدە باشقۇرۇپ، تۈزەشنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل بولۇشى، ياخشىلاشنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئالقىشلىشىغا ئېرىشتى.

ئالتاي ۋىلايىتى «ئېغىر كېسەللەرنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئوبوروت فوندى»نى تەسىس قىلىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، ھەتتا داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلەشكە ئامالسىز قالغان سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاغرىقلارنى دەل ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چىڭگىل ناھىيەسى ئارال يېزىسى كەڭمويناق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رازىيە زەينەرخان دەل مەزكۇر فوندتىن نەپ ئالغۇچىدۇر. كەنت كادىرىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ چىڭگىل ناھىيەلىك داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسىدىن 40 مىڭ يۈەنلىك ئېغىر كېسەل ئوبوروت مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، ئوپېراتسىيەسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىر مەيدان جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان قاتتىق جەڭ، نامرات ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بىر قىيىن ئىش. «مەن باقمىچىلىق ۋە ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، يىللىق كىرىمىمنى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردۇم، بۇنى نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 2020 ـ يىلى مەن باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىمەن» دېدى چاقىلىق ناھىيەسى ۋاششەرى بازىرى تاشساي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەخمەت رەجەپ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەخمەت رەجەپكە ئوخشاش نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرغان دېھقانلار ئاز ئەمەس. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق قەرز پۇل سىياسىتى ماس مېخانىزمنى ئورناتتى، نامرات ئائىلىلەر ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشلاش مەبلىغىگە ئېرىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن بولغان، ئاغرىش نۇقتىسى، قىيىن نۇقتىلارغا بىۋاستە يۈزلەنگەن تەدبىرلەر پۇقرالارنىڭ قەلبىدىكى تولۇپ تاشقان ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئايلىنىپ، ئىللىق خەلق تۇرمۇشى سەھىپىسىنى پۈتتى.

### خەلق تۇرمۇشى ئارزۇلىرى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشتى

ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلار ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۈچەش نۇقتىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، شەھەر ـ بازارلارنى تۈزەش، مائارىپ، داۋالىنىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ساھەلەرگە قويۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار، شەھەر ـ يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئامما، يېزا ـ كەنت ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق توپلارغا نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلدى؛ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر كۈچەش نۇقتىسىنى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچىلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان تەمىناتىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە قويۇپ، ياش ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق توپلارغا نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى.

«ھازىر يېڭى ۋوگزال ئۆيگە يېقىن، يەنە نۇرغۇن لىنىيەنىڭ ئاپتوبۇسى بىۋاستە بارىدۇ، 20 مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، ئىنتايىن قولايلىق!» دائىم پويىزغا ئولتۇرۇپ بورتالا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرىدىغان بورتالا شەھىرى ئاھالىسى خۇاڭ شۈيىڭنىڭ ئەمدى ئىككى سائەت بۇرۇن پويىزغا ئۈلگۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بورتالا شەھىرى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ۋوگزالنى شەھەر رايونىغا قۇرۇش تەكلىپى توغرىسىدىكى كۈچلۈك سادىسىغا قارىتا، شىنجاڭ تۆمۈريولى بورتالا ئوبلاستى لىنىيەسى قۇرۇلۇشىنى ئوبلاست، شەھەر ئىككى دەرىجىنىڭ مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى دەپ قاراپ تېز ئالغا سىلجىتتى. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭ تۆمۈريولى بورتالا ئوبلاستى لىنىيەسىدە رەسمىي قاتناش ـ تىجارەت باشلىنىپ، ئەسلىدىكى پىلاندىن سەككىز ئاي بۇرۇن، بورتالا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان 50 كىلومېتىر يول يۈرۈپ پويىزغا ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، «ئىشىك ئالدىدىلا» پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى.

ئاممىنىڭ ئارزۇ نۇقتىسى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىدۇر. باش تېما تەربىيەسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن ئامما غەم قىلىۋاتقان، باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلارنى ھەل قىلىپ، «كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان» ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارغا جاۋاب قايتۇردى.

«مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنىڭ نەملىشىپ قېلىشىنى تۈزەش ۋە ئۆگزىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى، ئاخىر ئۆي تاملىرىنىڭ نەملىشىپ قېلىش، پار ئىسسىماسلىق مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى، كۆپچىلىك ھەممىمىز ناھايىتى رازى بولدۇق.» قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى يىنخې يولى كوچا باشقارمىسى بېيدوۋ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سۇ مېيشيا مۇنداق دېدى: بېيدوۋ مەھەللىسى 1993 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن بىنالاردا ئۆي تاملىرى نەملىشىپ قېلىش، ئۆگزىدىن تامچە ئۆتۈش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ، ئاھالىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكەنىدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، قاراماي شەھىرى تەربىيەنى ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، كونا مەھەللىلەرنى رېمونت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، شەھەر رايونىدا ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇشنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئامما «رازى بولمىغان» ئۈچ مەسىلىنى كۈچەپ ھەل قىلدى.

«بىر يۈەن بىلەنلا ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە بېرىش ئىشقا ئاشتى» «ئۈزۈك يوللار تۇتاشتۇرۇلدى» «ھەيدەش كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش، ئېلىش بىر كۆزنەكتىلا پۈتىدىغان بولدى» «ئاپتوموبىل توختىتىش قولايلاشتى»... پۇقرالارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە، قەلبلەرنى ئىللىتىشنىڭ ئىزاھاتىغا ئايلاندى.

ئەسلىي مەقسەت ئۈيۈل تاشتەك مۇستەھكەم، بۇرچ زىممىمىزدە. خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەيدىغان ئەسلىي مەقسەت باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ئىزچىل سىڭدۈرۈلدى؛ كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، مۇشۇنداق ئەسلىي مەقسەتمۇ جەزمەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى خەلق تۇرمۇشى ئىمتىھان قەغىزىگە ياخشى جاۋاب بېرىشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشقا، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، خەلقنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىللاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«رەھمەت!» دېدى مەمەتئېزىز خۇشال ھالدا.

### تۇنجى قېتىملىق ئويۇن قويۇشتا ھەم جىددىيلىشىش، ھەم بەخت ھېس قىلىش

لوپ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رېپېتىتسىيە ئۆيىگە كىرىپ، بىرنەچچە ياش يىگىت ۋە قىزنىڭ رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مەمەتئېزىز مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «سەنئەت ئۆمىكى ھەر ئايدا يېڭى ئۇسسۇل تەييارلايدۇ، نومۇرلارنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇندىلا تېخىمۇ كۆپ تاماشىبىننى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ».

مەمەتئېزىز كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، دوستلار يىغىلىشىغا بارغاندا ئۇ ھەمىشە ئۇسسۇل ئوينايتتى، ئەمما سەھنىدە ئەزەلدىن ھەقىقىي ئويۇن قويۇپ باقمىغانىدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۇسسۇل ئويناشنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ كەسپىي ئويۇن قويۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. بىرىنچى قېتىم قويغان ئويۇن مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ.

«بىز بىر ئاي رېپېتىتسىيە قىلغاندىن كېيىن، رېژىسسور ئەمدى سەھنىگە چىقساڭلار بولىدۇ دېدى.» شۇ كۈنى مەمەتئېزىز ئاق رەڭلىك ئۇسسۇل كىيىمى كىيدى، بېلىنى كەشتىلەنگەن پوتا بىلەن چىڭ باغلاپ، كەڭ شاربار ئىشتان، چەمى يۇمشاق قارا ئۆتۈك ۋە گۈللۈك دوپپا كىيدى. تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىشى بولغاچقا، سەھنە ئاستىدىكى مىغ ـ مىغ كىشىلەر توپىنى كۆرۈپ، مەمەتئېزىز ئازراق جىددىيلەشتى، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ رېژىسسورى ئۇنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ، مۈرىسىگە بوشقىنە ئۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئىلھاملاندۇرغان ھالدا: «جىددىيلەشمە، ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت، سەندە چاتاق يوق!» دېدى.

ئويۇن باشلاندى، سەھنىگە چىقىپلا، مەمەتئېزىز جىددىيلىشىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى، باشقا ئارتىسلار بىلەن ياخشى ماسلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويۇن قويۇشقا كىرىشىپ كەتتى. «ئۇسسۇلىمىز ئاخىرلاشقان چاغدا، سەھنە ئاستىدا قىزغىن چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.» ئويۇننى كۆرۈشكە كەلگەن مەمەتئېزىزنىڭ دادىسى ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ياش ئېلىپ توختىماي: «ئوغلۇم، يارايسەن!» دېدى. خوتۇنىمۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ياش ئېلىپ: «ياخشى، ياخشى، ھەقىقەتەن ياخشى بولدى» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى.

مەمەتئېزىز مۇنداق دېدى: ئاشۇ چاغدا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىنى تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمەي قالدىم.

### كەسپىي ئۇسسۇل مەشقىنى قوبۇل قىلىش

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى مەمەتئېزىز ئاشخانا ئاچاتتى. ئاشۇ چاغلاردا ئۇ تەرسا، تەلۋە، جاھىل ئىدى، ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئاشخانىغا باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىلەر تاماق يېيىشكە كىرسىلا، ئۇ ئىنتايىن ئاچچىقلىناتتى، گەرچە خېرىدارنىڭ كىرىشىنى چەكلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خېرىدارغا چىراي ئاچمايتتى. روزا ئېيى مەزگىلىدە، ئۇ ئاشخانىنى تاقىۋېتەتتى، يېنىدىكى ئاشخانىلارنىڭ يەنىلا تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان، پەيلىنى بۇزۇپ باشقىلارنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، خوجايىنىنى سوراققا تارتىپ: «سەن مۇسۇلمانمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ روزا ئېيىدىمۇ يەنە نېمىشقا تىجارەت قىلىسەن؟ سەن دوزاخقا كىرىسەن!» دەيتتى. ئۇ يەنە قوپاللىق بىلەن قوشنا ئاشخانىلارنىڭ ئاشخانىسىدىكى نەرسىلەرنى تاشلىۋېتەتتى.

«ئۇ چاغلاردا، باشقىلارنىڭ گېپى زادىلا قۇلىقىمغا كىرمەيتتى» دېدى مەمەتئېزىز. كېيىن، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى كادىرلىرى مەمەتئېزىز بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، سېنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش قىلمىشىڭ ئۆتكەمەلىك قىلىپ چاتاق چىقىرىش جىنايىتىگە ياتىدۇ، دەپ ئېيتىپ، ئۇنىڭغا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش تەكلىپىنى بەردى. ئاخىرىدا ئۇ كەنت كادىرلىرىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوچۇق ئۆگىنىش، تۇرمۇش مەمەتئېزىزنىڭ ئىلگىرىكى بېكىنمە تۇرمۇشىغا تۈپتىن ئوخشىمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، بۇنداق كېتىۋەرسە، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

كىچىكىدىنلا ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرگەچكە، مەمەتئېزىز تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئۇسسۇل سىنىپىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتى. تۇنجى قېتىم ئۇسسۇل رېپېتىتسىيە زالىغا كىرىپ، ئازادە، يورۇق دەرىسخانا، پارقىراق ياغاچ پول، پۈتۈن تامغا بىر كەلگەن چوڭ ئەينەك، مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن تەن ۋە روھتىكى خۇشاللىق، ئۇنى بىردىنلا ئۇسسۇل دەرسىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.

پەي سوزۇش، پۇتنى بېسىش، بەلنى ئېگىش، بۇ ئاساسىي ھەرىكەتلەرنى مەمەتئېزىز ھەر قېتىم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مەشىق قىلدى. ئەڭ دەسلەپتە ئۇسسۇل ئۆگەنگەندە، يۇقىرى سىجىللىقتىكى مەشىقتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ ئۇخلىيالماي قالدى، لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەردى، ئەسلىدىكى 80 كىلوگىرامدىن ئارتۇق بەدەن ئېغىرلىقى 72 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدى، بىردىنلا ئورۇقلاپ، روھلىنىپ قالغاندەك بولدى، تېخىمۇ كېلىشكەن بولۇپ كەتتى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەمەتئېزىز نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندى. ئۇسسۇل ئويناش ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ ئۇ تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن لوپ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە كىرىپ، كەسپىي ئۇسسۇل ئارتىسى بولدى.

### تاماشىبىنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئەڭ چوڭ ئىلھام

بۈگۈنكى كۈندە، سەنئەت ئۆمىكى كەچلىك بازاردىكى پۇقرالار سەھنىسىدە ئويۇن قويۇپلا قالماي، يەنە ناھىيەدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ئويۇنلىرىغا قاتناشتى. خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم پائالىيەتلەرگىمۇ بۇ سەنئەت ئۆمىكى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى. دائىم ئويۇن قويۇپ تۇرغاچقا، مەمەتئېزىز ناھىيە بازىرىدىكى تونۇش چىرايغا ئايلاندى. «بەزىدە كوچىدا كېتىۋاتسام، باشقىلار تونۇپ قالاتتى، خۇددى ئۆزۈمنى چولپانلارغا ئوخشاش ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم» دېدى مەمەتئېزىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەر كۈنلۈك كەچلىك بازاردىكى ئويۇننىڭ ناھايىتى كەچ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، سەنئەت ئۆمىكى ئۆيى بىرقەدەر يىراقراق ئارتىسلارغا ناھىيە بازىرىدىن ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. تۇرالغۇ جاي بولغاندىن كېيىن، مەمەتئېزىز خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئېلىپ كەلدى، بالىسىمۇ ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى.

«ناھىيە بازىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى، بالىلار تېخىمۇ ياخشى تەربىيەنى قوبۇل قىلالايدۇ.» مەمەتئېزىز مۇنداق دېدى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتتىم، بالامنى ياخشى ئوقۇتىمەن. «مەن بۇرۇن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىغان، ھازىر بەك پۇشايمان قىلىمەن».

ھازىر، مەمەتئېزىز ھەر كۈنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلالايدۇ. بەزىدە مەشىق قىلىش بەك جاپالىق، لېكىن سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىنى ئاڭلىسىلا، ئۇ بارلىق تارتقان جاپاسىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقا، مەمەتئېزىز ناخشا ئېيتىشقىمۇ بەك قىزىقىدۇ، يەنە كېلىپ ناخشىنى يامان ئەمەس ئېيتىدۇ. ئۇ ناخشا ـ مۇزىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، كەسپىي ئاۋاز چىقىرىشنى مەشىق قىلىشقا باشلىدى.

«تاماشىبىنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ماڭا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ئىلھام، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئويۇن قويۇش سەۋىيەمنى تىرىشىپ ئۆستۈرىمەن، پۇرسەت بولسا تېخىمۇ چوڭ سەھنىلەرگە چىقىپ ئويۇن قويىمەن» دېدى مەمەتئېزىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)